# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 10 - ئاي
24
شەنبە
维吾尔文 10 月24日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25224 - سان  بۈگۈن 4 بەت


## جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ نامىدا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى لياۋنىڭ شېنياڭدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، دەندۇڭدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش خاتىرە مۇنارى ۋە چاۋشيەن پىخراڭدىكى جۇڭگو - چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

## شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى

### لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى  لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى



10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لىۇ ۋېيبىڭ فوتوسى



10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭ خەلق سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇردى، يېڭى جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغدىدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى قوغدىدى، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغدىدى. 70 يىل ئىلگىركى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ ئۇرۇشىنى ئەسلىسەك، نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ باردۇق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا نەزەر سالساق، بىز چەكسىز قەيسەرلىككە، چەكسىز ئىشەنچكە تولىمىز. بىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىنىڭ جاپالىق مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەردانە، غەيرەت - شىجائەتلىك بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىگە قاراپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ داۋاملىق باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن يىغىنغا قاتناشتى.

خەلق سارىيىنىڭ چوڭ زالىدا كەيپىيات تەنتەنىلىك، قىزغىن ئىدى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى» دېگەن يىغىن بەلگىسى ئېسىلغان، كەينىدىكى پەردىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا دۆلەت گېربى ئېسىلغان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 6 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

## ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ قايتا جانلىنىشىنى تېزلىتىپ، جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 6 - قېتىملىق

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە، خۇنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى ۋېيۋېي خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

لى پېڭشىن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

## يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى

### لى پېڭشىن كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا سەييارە دوكلات بېرىشنى قانات يايدۇردى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچىدە گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر شيا گېڭشېڭ باشچىلىقىدىكى دوكلات بېرىش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى پېڭشىن، جاڭ بو كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىشنى قانات يايدۇرغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە مۇھىم ئورۇنغا قويدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش بازىسىنى ياخشى قۇرۇش، ياخشى قوغداش

—— ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپلەر لېكسىيە شۆبە ئۆمىكى ئالىي مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا**

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپلەر لېكسىيە شۆبە ئۆمىكى شىنجاڭ كەسپىي داشۆسى، جۇڭگو نېفت داشۆسى (بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى، ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى، قەشقەر داشۆ، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى، خوتەن كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. ئەتراپلىق، چوڭقۇر شەرھلەش، تەسىرلىك، جانلىق بېشىپ چۈشەندۈرۈش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)